# بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ مەنىسى ھەققىدە

ئېلكىتاب ياسىغۇچى : <<ئۇيغۇر ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى>>دىن ئۇيغۇر ئوغلى
ئېلكىتاب تارقاتقۇچى : ئۇيغۇر ئېلكىتاب تورى
www.uyebook.com ياكى www.uyebook.cn

# بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ مەنىسى ھەققىدە

1-ئەللاھۇ-ھەقىقى ئىلاھ

2-ئەرراھمانۇ-چەكسىز كۆيۈنگۈچى

3-ئەررەھىيمۇ-ئاخىرەتتە كۆيۈنگۈچى

4-ئەلمەلىكۇ-پۈتكۈل شەيئىلەرنىڭ خوجايىنى

5-ئەلقۇددۇسۇ-بارلىق نۇقساندىن پاك

6-ئەسسالامۇ-مۆئمىنلەرگە سالامەتلىك بېغىشلىغۇچى

7-ئەلمۆئمىنۇ-خاتىجەم قىلغۇچى

8-ئەلمۇھەيمىنۇ-بارلىق شەيئىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى

9-ئەلئەزىيزۇ-كۈچلۈك

10-ئەلجەببارۇ-قەھىر-غەزەپ قىلغۇچى

11-ئەلمۇتەكەببىرۇ-بۈيۈكلۈكتە يىگانە

12-ئەلخالىقۇ-ھەممىنى ياراتقۇچى

13-ئەلبارىئۇ-يوقلۇقتىن پەيدا قىلغۇچى

14-ئەلمۇسەۋۋىرۇ-ھەممە نەرسىگە سۈرەت-شەكىل بەرگۈچى

15-ئەلغەففارۇ-كەچۈرۈم قىلغۇچى

16-ئەلقەھھارۇ-ھەممە شەيئىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى

17-ئەلۋاھابۇ-كۆپلەپ بەرگۈچى

18-ئەررەززاقۇ-كۆپلەپ رىزىق بەرگۈچى

19-ئەلفەتتاھۇ-ھەقلىق بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچى

20-ئەلئەلىيمۇ-ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى

21ـ ئەلقابىزۇ ــ يىغقۇچى

22ـ ئەلباستۇ ــ يايغۇچى

23ـ ئەلخافىزۇ ــ چۆكۈرگۈچى

24ـ ئەررافىئۇ ــ يۇقىرى كۆتۈرگۈچى

25ـ ئەلمۇئىززۇ ــ ئەزىزقىلغۇچى

26ـ ئەلمۇزىللۇ ــ خارقىلغۇچى

27ـ ئەسسەمىئۇ ــ ھەممىنى ئاڭلىغۇچى

28ـ ئەلبەسىرۇ ــ ھەممىنى كۆرگۈچى

29ـ ئەلھەكەمۇ ــ ھەل قىلغۇچ ھۆكۈم قىلغۇچى

30ـ ئەلئەدلۇ ـ كامىل ئادالەت ئىگىسى

31ـ ئەللەتىفۇ ــ كۆيۈنگۈچى

32ـ ئەلخەبىرۇ ــ ھەممىدىن خەۋەردار

33ـ ئەلھەلىمۇ ــ مۇلايىم، ئاسرىغۇچى

34ـ ئەلئەزىمۇ ــ بۈيۈك، كاتتا

35ـ ئەلغەفۇرۇ ــ كەچۈرگۈچى

36ـ ئەششەكۇۋرۇ ــ كۆپ مەرھەمەت قىلغۇچى

37ـ ئەلئەلىيۇ ـ ئالىي، ھەممىدىن يۈكسەك

38ـ ئەلكەبىرۇ ــ شانۇ ـ شەۋكەتى بۈيۈك

39ـ ئەلھەفىزۇ ــ مۇھاپىزەت قىلغۇچى

40ـ ئەلمۇقىيتۇ ـ قۇدرەتلىك ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى

41ـ ئەلھەسىبۇ ـ ھەممە نەرسىگە كۇپايە، ھېساب قىلغۇچى

42ـ ئەلجەلىلۇ ـ ناھايىتى كاتتا سۈپەتكە ئىگە

43ـ ئەلكەرىمۇ ـ ناھايىتى ئالىيجاناپ، سېخىي

44ـ ئەررەقىبۇ ـ كۆزىتىپ تۇرغۇچى

45ـ ئەلمۇجىبۇ ـ ئىجابەت قىلغۇچى

46ـ ئەلۋاسىئۇ ـ مەرھەمىتى كەڭ

47ـ ئەلھەكىمۇ ـ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى

48ـ ئەلۋەدۇۇدۇ ـ دوست تۇتقۇچى

49ـ ئەلمەجىدۇ ـ بەك ئۇلۇغ

50-ئەلبائىسۇ-قوزغىغۇچى

51-ئەششەھىدۇ-ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى

52-ئەلھەققۇ-مەۋجۇتلىقى شەكسىز،ئەزەلدىن مەۋجۇت

53-ئەلۋەكىيلۇ-ۋەكىل بولغۇچى

54-ئەلقەۋىييۇ-كۈچ قۇۋۋەتتە يۈكسەك

55-ئەلمەتىينۇ-بەك مۇستەھكەم

56-ئەلۋەلىيلۇ- بەك يېقىن

57-ئەلھەمىيدۇ-مەدھىيەگە لايىق

58-ئەلمۇھسىيۇ-بارلىق شەيئىلەرنىڭ سانىنى مۇكەممەل ئىگەللىگۈچى

59-ئەلمۇبدىئۇ-يوقتىن بارقىلغۇچى

60-ئەلمۇئىيدۇ-قايتا ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى

61-ئەلمۇھيىيۇ-تىرىلدۈرگۈچى

62-ئەلمۇمىيتۇ-جاننى ئالغۇچى

63-ئەلھەييۇ-مەڭگۈ ھايات

64-ئەلقەييۇۋمۇ-بارلىق مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى

65-ئەلۋاجىدۇ-تاپقۇچى

66-ئەلماجىدۇ-ئالىيجاناب،ئۇلۇغ

67-ئەلۋاھىدۇ-يەككە - يىگانە

68-ئەسسەمەدۇ-بىھاجەت

69-ئەلقادىرۇ-ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى

70-ئەلمۇقتەدىرۇ-ناھايىتى كۈچلۈك

71-ئەلمۇقەددىمۇ-ئىلگىرى قىلغۇچى

72-ئەلمۇئەخخىرۇ-كېچىكتۈرگۈچى

73-ئەلئەۋۋەلۇ-ئەڭ ئەۋۋال،ئاللاھتىن بۇرۇن ھېچ شەيئى يوق

74-ئەلئاخىرۇ-مەڭگۈ مەۋجۇت

75-ئەززاھىرۇ-ئاشكارە بولغۇچى

76-ئەلباتىنۇ-مەخپىي

77-ئەلۋالىيۇ-ئىگە بولغۇچى

78-ئەلمۇتەئالۇ-بۈيۈك

79-ئەلبەررۇ-ياخشىلىق قىلغۇچى

80ـئەتتەۋۋابۇـتەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچى

81ـئەلمۇنتەقىمۇـ ئىنتىقام ئالغۇچى

82ـئەلئە فۇۋۋۇـكەچۈرۈم قىلغۇچى

83ـئەررە ئۇۋۋفۇـكۆيۈمچان

84ـمالىكۇلمۇلكى ـ شاھلارنىڭ شاھى

85ـزۇلجەلالى ۋەلئىكرامى ـ ئۇلۇغلۇق بۈيۈكلۈك ئىگىسى

86ـئەلمۇقستۇـ ئادىل ھەققانىيەتچى

87ـئەلجامىئۇـجۇغلىغۇچى

88ـئەلغەنىييۇـبەك باي

89ـئەلمۇغنىيۇـباي قىلغۇچى

90ـئەمانىئۇـتوسقۇچى

91ـئەززاررۇـدۈشمەنلەرگە ئازاب ئوقىبەت يەتكۈزگۈچى

92ـئەننافىئۇـپايدا يەتكۈزگۈچى

93ـئەننۇۋرۇـنۇرلۇق

94ـئەلھادىيۇـھىدايەت قىلغۇچى

95ـئەلبەدىيۇـئۆرنەكسىز يوقتىن بار قىلغۇچى

96ـئەلباقىيۇـمەڭگۈ باقىي

97ـئەلۋارىسۇـيوقالماس ۋارىس

98ـئەررەشىدۇـتوغرا يولغا يېتەكلىگۈچى

99ـئەسسەبۇۋرۇـناھايىتى سەۋىرچان

لائىلاھە ئىللەۋلا مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا

ئاللاھ ئىشلىرمىزغا ئاسانلىق بەرسۇن،دۈشمەنلىرىمىزنىڭ يولىنى تار قىلسۇن،دىلىمىزنى ئىمان نۇرى بىلەن يورۇتسۇن،ئاخىرەتتە يۈزىمىزنى يورۇق قىلسۇن،ئامىن din BBS.Xabnam.Com ! kochuruldi

## ئوت يۈرەك يازغۇچى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

تالانتلىق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئابدۇراخمان ئوغلى 1901 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تۇرپان شەھرىدە سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن مەرىپەتلىك

ئائىلە ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 5 يېشىدىلا ساۋادىنى چىقارغان بولۇپ، 12 ياشلارغا كەلگەندە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ئەرەپ، پارىس تىللىرىنى ئۆگەنگەن ۋە كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنىئى ئوقۇشقا باشلىغان.

- 1916يىلى چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى سودا بىلەن روسىيىگە بارغاندا، ئۇمۇ بىللە بېرىپ، روسىيىنىڭ شەمەي(ھازىرقى سىمپىلاتىنىسكى) شەھىرىدە رۇس تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىدۇ. تۇرپانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە تۇرپان يېڭى شەھەردىكى شۆتاڭغا كىرىپ خەنزۇ تىل يېزىقىنى ئۆگۈنىدۇ ۋە ئەلا نەتىجە بىلەن مەكتەپنى تاماملايدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ خەنزۇ كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇپلا قالماي، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى توغرىسىدىمۇ مۇئەييەن ساۋاتقا ئىگە بولىدۇ. ئەينى دەۋىردە ئۇ دوست بۇرادەرلىرىگە خەنزۇ كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ " سۇ بويىدا"، "قىزىل راۋاقتىكى چۈش" رومانلىرىنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بەرگەن ۋە سۇن جوڭشەن ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، دېمۇكىراتىيىگە نىسبەتەن تونۇشىنى ئۆستۈرگەن. ئەنە شۇ مەزگىللەردىلا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىدىيىسىدە فىئوۋدال كونىلىققا، خۇراپاتلىققا ۋە نادانلىققا قارشى تۇرۇپ، ئىلىم - پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق جەمىيەتنى ئۆزگەرتىش غايىسى تۇغۇلغان.

- 1923يىلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە 2 - قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، يەنە 3 يىل ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ پوشكىن، لېرمۇنتوۋ، تولوستوي ۋە گوركى ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ رۇس ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشىدۇ. شۇنداقلا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. 1926 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپلا يېڭىچە ئىلىم - پەننى تەرغىپ قىلىپ، خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن گېزىت جۇرنال نەشر قىلىشقا ھەرىكەتلىنىپ، تۇرپاندا باسما زاۋۇتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. لېكىن ئەكسىيەتچى، مىللەتچى ياڭ زىڭشىڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇرپان ئاستانىدىكى مەخسۇت مۇھىتى، پىچاندىكى ئىسكەندەر خوجا قاتارلىق كىشىلەر بىلەن 1927 - يىلى" ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى" نامىدا بىر مەرىپەت جەمىيىتى قۇرۇپ، ئىئانە توپلاپ تۇرپان يېڭىشەھەردىكى نىياز سەيپۇڭ دېگەن كىشىنىڭ قوروسىدا بىر يېڭى مەكتەپ، كېيىنكى يىلى يېڭىشەھەر ئاق سارايدا "ھۆررىيەت مەكتىپى"، كونا شەھەر جەنۇبىي قۇۋۇقتا يەنە بىر مەكتەپ ئاچىدۇ....

بۇ دەۋىردە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيىتىدە زور ئىلگىرىلەشلەر بولىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى چوڭقۇر سىياسىي مەزمۇن، ئۆتكۈر ئىسيانكارلىق سادالىرى ھەتتا ئەينى دەۋىردىكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى ئەندىشىگە سالىدۇ. ھۆكۈمەت ئۇنى شېئىر يېزىشتىن، خەلقنى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇشتىن چەكلەيدۇ.

ئۆز غايىسى يولىدا تېز پۈكمەس روھقا ئىگە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1932 - يىلى 11 - ئايدا"ئويغان"،

"ئاچىل" دېگەن شېئىرلىرىنى ئاق رەختكە چوڭ خەتلىك قىلىپ يېزىپ، كوچىلارغا چاپلاپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ھەيۋىسىگە تاقابىل تۇرىدۇ.

1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا تۇرپان ۋە قۇمۇلدا دېھقانلار زۇلۇمغا قارىشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا بارغان شىڭ شىسەي 1933 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۇرۇمچىگە قايتىشىدا تۇرپانغا كەلگەندە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ بىرقانچە سەبدىشىنى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەنىۋى تەرغىباتچىسى دەپ قاراپ تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ. جاللات شىڭشىسەي 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۇنى سەبداشلىرى بىلەن قوشۇپ تۇرپان شەھىرىنىڭ يېڭى شەھەر قازىخانا مەسچىتىنىڭ ئالدىدا قەتلى قىلىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بويىنغا قىلىچ تەگلەنگەندىمۇ دۈشمەنگە باش ئەگمەي، باتۇرلارچە كۆكرەك كېرىپ، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يالقۇنلۇق نۇتۇق سۆزلەيدۇ. بويىنغا قىلىچ ئۇرۇلغاندا "ياشىسۇن ئەركىنلىك!"، "ياشىسۇن ئازادلىق!" دەپ ياڭراق شۇئار توۋلاپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولىدۇ....

## ئويغان

(ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

ئەي پېقىر ئۇيغۇر ئويغان، ئۇيقۇڭ يېتەر،
سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر.
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزۈڭنى قۇتقازمىساڭ،
ئاھ، سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر.

قوپ، ـ دېدىم، بېشىڭ كۆتەر! ئۇيقۇڭنى ئاچ!
رەقىبىڭ باشىنى كەس، قانىنى چاچ!
كۆز ئېچىپ ئەتراپقا ئوبدان باقمىساڭ،
ئۆلسەن ئارماندا بىر كۈن نائىلاج.

ھېلىمۇ جانسىزغا ئوخشايدۇ تېنىڭ،
شۇڭا يوقمۇ ئانچە ئۆلۈمدىن غېمىڭ؟
قىچقارسام قىمىرلىمايلا ياتسەن،
ئويغانماي، ئۆلمەكچىمۇ سەن شۇ پېتىڭ؟!

كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا باق،
ئۆز ئىقبالىڭ ھەققىدە ئويلا ئۇزاق.
كەتسە قولدىن بۇ غەنىمەت پۇرستى،
كېلەچەك ئىشىڭ چاتاق، ئىشىڭ چاتاق.

ئېچىنار كۆڭلۈم ساڭا ئەي ئۇيغۇرۇم،
سەبدىشىم، قېرىندىشىم، بىر تۇغقىنىم.
كۆيۈنۈپ ھالىڭغا ئويغاتسام سېنى،
ئاڭلىمايسەن زادى نېمە بولغىنىڭ؟

كېلىدۇ بىر كۈن پۇشايمان قىلىسەن،
تەكتىگە گەپنىڭ شۇ چاغدا يېتىسەن.
"خەپ!" دېسەڭ ئۇ چاغ ئۇلگۈرمەي قالار،
شۇندا ئۇيغۇر سۆزىگە تەن بېرىسەن.

## ئايرىلمىغىل

ھىممىتىڭدىن،غەيرىتىڭدىن ئول،ۋەلىكىن قايرىلمىغىل،
ھەقلىقىن بىلگەن يولۇڭدىن جاننى بەرۋەلىكىن قايرىلمىغىل.

مائىنىڭ كۆپ بولسىمۇ،قورقماي ئۇرۇپ ئالدىڭغا باس،
تاغۇتاش،دەريا ئۇلۇغ سۆزلەرگە سەن تاڭ قالمىغىل.

ئات ئۆزۈڭنى بەھرىگە،ياغەرىق بول،تاپ گۆھەر،
شىرنە يولۋاس كەبى باسقان ئىزىڭدىن يانمىغىل.

تۆت تەرەپ ياۋ ھۇۋلىشىپ،سەككىز تەرەپ تىغ كەلسە،
ئېلىشىپ قانغا بويال،نومۇسنى ھەرگىز سانمىغىل.

كىمكى ھەق يولغا قەدەم قويسا ئۇتتۇق مۇتلەق شۇنىڭ،
بۈنىچۈن بولغاي كىيىن دەپ،يوق خىيالغا قالمىغىل.

سەن ۋەتەن ـ مىللەت دىسەڭ، تارىختا نامىڭ قالغۇسى،
بول جەسۇر،ئالى نىشان،كۆلچەك ـ بۈلاققا قانمىغىل.

ئابدۇخالىقنىڭ سۆزىن سەن بىئېتىبار بىلىپ ،
ئۇشبۇ ۋىجداننى كېيىن پۇتمەس ئازاپقا سالمىغىل.

## نەقىلاي

دوستلىرىم،يورۇمىغان زۇلمە زامانىنى نە قىلاي،
باسقىلى بولماس تىكەنلىك بۇ زامانىنى نە قىلاي.

چەرخى گەردۇن تەسكىرى بىلمەك كېرەك يارانلىرىم،
تەسكىرى چەرخلىق بولۇپ قالغان زامانىنى نەقىلاي.

ئەي پەلەك،ساڭا قاراپ چەرخ ھەم تەتۈر بولدى راۋان،
يول تۇتۇپ يۈرەلمىگەن قارىغۇ زامانىنى نەقىلاي.

نەە بارساڭ بارچىنىڭ ئاغزىدا دەردى بار ۋەتەن،
ھاردۇقى،تىببى يوق،دەرتلىك زامانىنى نە قىلاي.

سۆزلىگەندە ئۇشبۇ كۈندە بارچە خەلق ئاغزىدا بار،
سۆزلىسەم قەلبلىرى پارچە يارانىنى نە قىلاي.

بۈلبۈل بىلەن قاغىنى بىل پەرق قىلماس ھېچكىشى،

بۈلبۈلى بىچارىگە زىندان جاھاننى نە قىلاي.

تۇرپان يېڭىشەھەر <ONT**>بازىرىدىكى بىر خالتا كوچىنىڭ ئىچكىرىسىدە، ئازادەھويلىدىكى پارتا- ئورۇندۇقلار قويۇلغان، قارا تاختاي ئېسىلغان يورۇق سىنىپتا گەۋدىلىك، سۇمباتلىق، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرغان، چىرايىدىن ئۆز ئىشىدىن سۆيۈنۈۋاتقان، كىشىلەردە بولىدىغان بىر خىل مەمنۇنلۇق تەپچىپ تۇرغان بىر يىگىت گۈلدەك تىزىلىپ ئولتۇرغان 13 مەسۇم بالىغا دەرس ئۆتمەكتە ئىدى. مانا بۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇ ئۇماق باللىرىنىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ رازىمەنلىك بىلەن قاراشلىرى، خەتلەرنى قېتىرقىنىپ مەشىق قىلىشلىرى، ئوقۇشقا شۇنچىلىك قىزغىنلىق بىلەن بېرىلىشلىرىدىن ئالەمچەشادلىققا چۆمەتتى، ۋۇجۇدى كۈچ-قۇۋۋەتكە تولاتتى.... بىراق، ئويلىغان ئىش ئاخىرى يۈز بەردى، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي بىر كۈنى جىسا ۋە سوپى، ئىشانلار سىنىپقا باستۇرۇپ كىرىپ، باللارنى ھەيدەپ، پارتا- ئورۇندۇقلارنى چېقىپ، مەكتەپنى تاقىۋەتتى. غەزەپلەنگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى.

ئۇ يەنە بىر قېتىم غەيرەتكە كېلىپ، ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم، مەخسۇت مۇھىتى، ھېسامىدىن زۇپەر قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنىڭ قوللىشى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى بىلەن يېڭىشەھەر ئويماندەڭدە يەنە بىر قېتىم مەكتەپ ئاچتى. مەكتەپ دەرسلىكىگە ھېساب، جۇغراپىيە، ھۆسنخەت، ئەخلاق، دىن دەرسى، ئەسرى سائادەت ۋە باشقىلار كىرگۈزۈلدى. ياش باللارنىڭ يۇمران ۋە چۈچۈك ئاۋازلىرى چاڭىلداپ تۇرپان ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈردى. مەكتەپنىڭ شۆھرىتى چەت جايلارغىمۇ تارقىلىپ، گۇچۇڭ، پىچان، ئاستانە، توقسۇنلاردىن ئوقۇشقا تەشنابولغان باللاركېلىشكە باشلىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار باللارنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئوقۇتۇش، قانداق قىلىپ ساۋاتىنى تېز چىقىرىش جەھەتلەردە جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي كونا شەھەردە يەنە بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئاچتى. يېڭىشەھەردىكى مەكتەپ 2- يىلىغا قەدەم قويغاندائوقۇغۇچىلار تەڭشىلىپ خېلىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى. مەكتەپ ھويلىسىدا ھەر خىل گىمناستىكا، نۇتۇق سۆزلەش، دىكلاماتسىيە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلگەندە ئەتراپتىكى كىشىلەر ھەيران بولۇپ قىزىقسىنىپ كۆرۈشتى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا قايىل بولۇشتى. نەتىجىدە بىرتۈركۈم كىشىلەركېلىپ، ئوقۇش تەلىپىنى بىلدۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلار بىر سىنىپلىق چوڭ ياشلىقلار سىنىپ ئاچتى. بۇنىڭ تەسىرىمۇئىنتايىن ياخشى بولدى.

مەكتەپ ئېچىش چەكلەنگەن ئاشۇ دەۋردەخېيىمخەتەردىن قورقماي، ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ مەكتەپ ئېچىپ، خالىس بالا تەربىيىلەشتەك روھنى ھەقىقىي پىداكار، ئۇلۇغ روھدېمەي

بولمايدۇ.ھازىرقى دەۋرىمىزدىمۇ بىر قىسىم بىيىغان مەرىپەتپەرۋەر كارخانىچى، تىجارەتچىلەر ئۆز پۇللىرىنى مەكتەپ، باغچا، دوختۇرخانا سېلىشتەك ساۋابلىق ئىشلارغا ئىشلىتىۋاتىدۇ، ئۇلارنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ روھى يۆلىگەي!

## لەنەت ساڭا زالىملار

تۇمەن لەنەت ساڭا خەلقتىن،
قان ئىچكۈچى ۋەھشىي زالىملار.
گۇناھسىز خەلقنى قىرغان،
ۋە يىرتقۇچ ۋەھشىي زالىملار.

تىنچ ياتقان پىقىر-پۇقرا،
سەبىي مەسۇم ئوغۇل-قىزنى.
ئىچىپ قاننى ئاپەتلەر،
چاچقۇچى ۋەھشىي زالىملار.

بۈرۈن بىر چۈۋىن بىر قازان ئاشنى بۇلغاپ قويىاتتى،
لىكىن ھازىر بىر توپ چۈۋىن ئاشۇ ئازغىنە ئاشنى ئىچىۋاتىدىغان ھالغا يەتتى! .

ئۈچ شېئىر

ئادىمى ئالماشتىيۇ،يولى،تۈزۈك ئالماشمىدى ،
جىن دېگەننىڭ ئىشلىرى مىسقالچىمۇ قاملاشمىدى .

ياڭ ئۆلۈپ تاپتى لەھەت،بولمامدىكەن جۇمھۇرىيەت،

بەرمىسە جۇمھۇرىيەت بۇ ئىشلىرى قاملاشمىدى.

ئېتى جىنىنىڭ ئۆزى جىن،جىنىنىڭ كۈنى بولغاي قىيىن،
ئېتىبارى بىر تىيىن،قىلغان ئىشى قاملاشمىدى.

ئابدۇخالىق نەررە تارت،ئەنە قالقان،ئەنە ئات،
ئۇخلاپ يېتىش بەك ئۇيات،جىنىنىڭ ئىشى قاملاشمىدى.
1928-يىلى

2

ھىممىتىڭدىن،غەيرىتىڭدىن ئۆل،لېكىن ئايرىلمىغىل،
ھەقلىقىن بىلگەن يولۇڭدىن جاننى بەر،قايرىلمىغىل.

مانىئىڭ كۆپ بولسىمۇ،قورقماي ئۆزۈپ ئالدىڭغا باس،
تاغۇ-تاش،دەريا ئۇلۇغ سۆزلەرگە سەن تاڭ قالمىغىل.

ئات ئۆزۈڭنى بەھرىگە،يا غەرق بول،يا تاپ گۆھەر،
شىرنە يولۋاس كەبى باسقان ئىزىڭدىن ھېچ يانمىغىل.

تۆت تەرەپ ياۋ ھۇۋلىشىپ،سەككىز تەرەپ تىغ تەڭلىسە،
ئىشىپ قانغا بويال،نومۇسنى ھەرگىز ساتمىغىل.

كىمكى ھەق يولغا قەدەم قويسا ئۇتتۇق مۇتلەق شۇنىڭ،
بۇ نېچۇك بولغاي كېيىن دەپ،يوق خىيالغا قالمىغىل.

سەن ۋەتەن،مىللەت دېسەڭ،تارىختا نامىڭ قالغۇسى،
بول جەسۇر،ئالىي نىشان،كۆلچەك بۇلاققا قانمىغىل.

ئابدىخالىقنىڭ سۆزى دەپ ئېتىبار قىلماي قىلىپ،

ئۈشبۇ ۋىجدانىنى كىيىن پۈتمەس ئازابقا سالمىغىل.

ـ1929يىلى

3

قانچىلار يىتاسا بۇلۇڭدا ئارىسىز ئەپيون شوراپ،

قانچىلار شوپاڭدا ئىچسە مەست بولۇپ خەمرە ـ شاراب.

ئەي چىراغۇ،ئەي ھاراق،بارمۇ نومۇس،بەرگىل جاۋاپ؟

سەن بىلەن بولمامدىكەن،بۇ ھالىمىز زەبۇن،خاراب؟

كەلدى دەپ مىھمانىنى ئاڭلاپ،ۋاي ئىسىت كەپقالغىنىم،

ماڭا ئۆلۈم بۇ ھارامغا تەڭ شىرىك بوپقالغىنىم،

تۇرغىنىمدىن ياخشىراقتۇر،ئۆيگە كىتىپ قالغىنىم،

ئابدۇخالىق ئولتۇرۇپ،ھىچ تاپمىغاي مۇندا ساۋاب.

ـ1932يىلى

## يىقىن بولدى

ھاۋا ئۆزگەردى ئەي دوستلار،بىلەمسەن قايسى چاغ بولدى؟

ئۇزۇن ياز مەۋسۇمى ئۆتتى،بۇ زالىم قىش يىقىن بولدى.

تىخى ئۇخلاپ ئاچالماي كۆز،ياتۇرسان نىمە بولغاندۇ؟

ئايا ئىخۋان يىقىندۇر قىش،يىقىن بولدى يىقىن بولدى.

ياتۇرسەن ئۇيقۇ غەپلەتتە،ئۆلۈكتەك قىمىرلىمايسەن ھىچ،

تەۋەككۇل ۋاقت ئۆتتى،ئىشلىمەس كۈنلەر يىقىن بولدى.

سىلىپ ئالۋاڭ يىغىپ كەتسە،تىپىش پاختا بولۇر مۈشكۈل،

ھىلىھەم كەتتى تۇ،ئىرخۇا كىتىش،سەنخۇا يىقىن بولدى.

ھارارەت بەرمىگەي سەنخۇا،لېكىن جايغا بولۇر دالدا،
قوپۇڭلار!بۈنىڭ كېتىشى ھەم يىراق ئەمەس يېقىن بولدى.

قوپۇڭلار ئەي بۇرادەرلەر،ئۆلۈشكە بارمۇ مەيلىڭلار،
كىرىشكە ئازقالدى تۈ،ئېرجىيۇ كىرىش،سەنجىيۇ يېقىن بولدى.

ئىشتىمەيسەن بۇرادەرلەر،قۇلاق پەردىسى ساقمۇ؟
كىكىردەك جىق قىچقىرىپ،يىرتىلىشقا ھەم يېقىن بولدى.

## ئاچىل

گۈلۈم ئاچىلاي دەيدۇ،
باشقا سانچىلاي دەيدۇ.
يارىمنىڭ يۈرەك ئوتى،
تەنگە يامشاي دەيدۇ.

يارىم ماڭا نازقىلۇر،
كۈلۈپ مېنى مەست قىلۇر.
يارقەدرىنى بىلمەيسەن،
زېمىستاننى يازقىلۇر.

يار دەردىدە خۇن بولدۇق،
تۈگمەنلەردە ئۇن بولدۇق.
قورقۇنچۇڭدىن قاتتىق تاش،
بىرلىشەلمەي قۇم بولدۇق.

ياش تەلەپلەر ئۇخلاشما،
يار يولىدا پۇتلاشما.
يارىم ئۇچۇن جان پىدا،

قەدىمىڭگە مىڭ تىللا.

غەيرەت گۈلۈم ئاچىلغىل،
ھىممەت يولۇم ئاچىلغىل.
يارىم ئۈچۈن بەرسەم جان،
قاچان بولسا بىر ئۆلۈم.

## هار

ئوت هارۋىسى ياكى هاۋا كېمە بىلەن،
يول يۈرۈش يۈرمەك،يولنى تاپقىنىڭكى.

چۆل ئارا غىچىڭلىتىپ،يول ئۈستىگە تىنماي سىيىپ،
ئارقىدا قالماق هارۋىغا كالا قاتقانىڭكى.

مەرىكىدە كىيگىلى بولماس،لېكىن ئۇ ئوبدان نىمە،
خىزمىتى چوڭدۇر ھەجەپ،تۈنلاردە بۇ يوتقانىڭكى.

هاكىمى مۇتلاق بولۇپ،پارا يەپ،يەمبۇ قويۇپ،
ئەينى توڭگۇزدەك سەمرىمەك،يامۇلدا ئولتۇرغانىڭكى.

زۇلۇمغا مەهكۇم بولۇپ،باش ئۇرۇپ،قول قوشتۇرۇپ،
نېمە دېسە راست دېمەك،قۇللۇقتا قالغانىڭكى.

ۋەزنى يېرىم پۇڭ ئەمەلگە مىنىپ،سىغماي تېرىگە،
ئەلنى سالماق پېرىگە،يالاقتا جان باققانىڭكى.

ئىلىم-پەنگە يول ئېچىپ،جەۋلان قىلىپ نۇر چېچىپ،

يايرىماق كۆكرەك كېرىپ،تەدبىر-ئەقىل تاپقانىنىڭكى.

پەنگە قارشى كاپشىماق،خۇددى ئىتتەك ھاۋشىماق،
خارۇ زەبۇن ياشىمان،تەرسا-تەتۇر نادانىنىڭكى.

تۆۋبە-تەقسىر ئوقۇشۇپ،كانايدىن ئالسا قورقۇشۇپ،
ئەستاغپىرۇللا ئوقۇش،ئالۋاستى باسقانىنىڭكى.

ئۇيغۇرا كۆپ سۆزلىمە،جاھىلنىڭ بەختىن كۆزلىمە،
ھەق تېپىلماس بۇ جاھاندا،ھەممە ئىش يالغانىنىڭكى.

http://www.Qimbulak.comچىمبۇلاق تورى

## خەير،كۆرۈشەرمىز!

ۋادەرىخا،كەتتى ئۇ جانىم مېنىڭ جاننى ئېلىپ،
ئۇ كېتەردە مەندە جان قايدا،ياغاچ بولدۇم قېتىپ.

جادۇ كۆز گۈل كىرپىكى بىرلە يۈرەردە بىر قاراپ،
تاش كۆڭۈلنى قوغۇشۇندەك ئېرىتىپ قىلدى خاراپ.

مەنىلىك سىرلىق قاراپ:<بولغىن ئامان يارىم>دېدى،
<مەن ئۆزۈم كەتكەن بىلەن سېنىڭ بىلەن يادىم>دېدى.

نائىلاج مەنمۇ دېدىم:<بولسۇن مۇبارەك بۇسەپەر،
تاكى جايىڭغا يېتىپ بارغۇچە يوللار بىخەتەر>.

ئاق بىلەك گەدەنگە چەمبەر،بىرلەشتى ھەر ئىككى تىنىق،

ئالما،ئانار بولدى بىر جۈپ،ئۆپتى تويغۇچە يېنىپ.

>خەير،كۆرۈشەرمىز>دېيان،ئايرىلىشتۇق نائىلاج،
ئۇيغۇر يوقاتتى ئېسنى،دېدى:بەختىم زادى كاج.

مەنمۇ بۇ ئوت يۈرەك ئوغلاننىڭ بىر شېئىرىنى يوللاپ قوياي:

## ئۈمىد تەبەسسۇمى

هاي سەتەڭ بالىخان،
سەنمۇ سەن جانان،
كىمدۇر بىلەمسەن،
ئوتۇڭدا يانغان.

ئوتلارنى سالدىڭ،
جانلارنى ئالدىڭ.
زېرىككەن چاغدا،
ئۇيقۇغا تالدىڭ.

نازىڭ ياراشۇر،
قىزلار قاراشۇر.
ئۆتسە يىگىتلەر،
ئۆيدە تالاشۇر.

بىركۈنلەر بولۇر،
گۈللەر ئاچىلۇر،
ئۇيغۇرنىڭ ئەيىبى ،
شۇندا ياپىلۇر!

بىركۈنلەر بولۇر،
گۈللەر ئاچىلۇر،
ئۇيغۇرنىڭ ئەيىبى ،
شۇندا ياپىلۇر!

ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى 1933 - يىلى جالات شىڭشىسەي تەرىپىدىن ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلدى، شىڭشىسەي تۈرپانغا كەلگەندە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئۇنىڭ شۆتاڭدىكى ساۋاغدىشى روزى موللا شىڭشىسەيگە چىقىشتۇرۇپ تۇتۇپ بەرگەن بولۇپ ، روزى موللا شۇ چاغلاردا تۇرپان ناھىيىلىك ئاشلىق ئىسكىلاتىنىڭ ئىشچىسى ئىدى.
ئۇ بۈگۈن تاپقىننى بۈگۈن يەپ - ئىچىپ تۈگۈتىدىغان، ئائىلىسىگە كۆيۈمۈ يوق، جەمىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالغان بىر مەسئۇلىيەتسىز كىشى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ شۆتاڭدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن بىللە ئوقۇغان ساۋاغداشلاردىن ئىدى. « يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، روزى موللا بولسا شۇ چاغدىكى ئىستىبدات ھۆكىمەت ئابدۇخالىق قاتارلىق تۇرپاندىكى بىر قىسىم ئىلغار ئىدىيىلىك كىشىلەرگە كۆز قۇلاق بولۇش ئۈچۈن ئۇنى مەقسەتلىك ھالدا شۆتاڭغا ئورۇنلاشتۇرغان مۇناپىق ئىكەنمىش » مانا بۇ « پالتىنىڭ ياغاچ ساپىقى بولمىسا، پالتا ئۆزى كىلىپ ياغاچنى كىسەلمەيدۇ » دىگەن تەمسىلنى ئەسلىتىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى،
سەن ئۇيغۇرنىڭ غۇرۇرى.
چىققان ئىدىڭ ئاتەشتىن،
»كۈن چىقىشتىن » ئىلگىرى.

تۈگىدى

بايانات : <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزۈپ چىققان ھەرقانداق ئېلكتابىنىڭ ئەسلى ماتىرىيالىنىڭ ئاپتۇرلۇق ھوقۇقى شۇ ماتىرىيال يوللانغان توربەت ھەم شۇ توربەتكە يوللىغۇچى ئاپتۇرغا مەنسۇپ !!!

<<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزۈپ چىققان ئېلكتابلار پەقەت ئۆگىنىش ۋە بىرقىسىم پايدىلانغۇچىلارنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تورغا يوللاندى ، ئۇنىڭدىن باشقا سودا ئىشلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىش مەنئىي قىلىنىدۇ . ئەگەر قانۇنسىز باشقا ساھەلەردە ئىشلىتىلىپ بىرەر ئاقىۋەت كېلىپ چىقسا بارلىق ئاقىۋەتكە شۇ ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئول بولىدۇ . <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> بۇ جەھەتتە ھېچقانداق مەسئولىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ !!!!!

يۇقىرىقىلاردىن باشقا <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزگەن ھەرقانداق ئېلكتابقا نىسبەتەن پىكىر-تەلەپلىرىڭىز بولسا <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ .

<<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> نىڭ QQ توپى : 55451683

2008 – يىلى3-ئاينىڭ 10-كۈنى

شەندۇڭ---جىنەن